# 65693 - كۆز قارچۇقىغا چاپلايدىغان «لەنس»نى دېزىنپېكسىيە سۇيۇقلىغا قويغاندىن كېيىن ئىشلەتسە روزىغا تەسىرى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا

## سۇئال

روزىدار ھالىتىدە كۆزقارچۇقىغا چاپلىشىدىغان كۆز قارىقى ئىشلەتسە بولامدۇ؟ چۈنكى ئۇ نەرسە سىلەر بىلگەندەك ئۇنى دېزىنپېكسىيە قىلىدىغان خاس سۇيۇقلۇققا قويغاندىن كيىن ئىشلەتسە بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە تەپسىلى جاۋاپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

روزىدار كىشى كۈندۈزدە كۆزىگە چاپلىشىدىغان كۆز قارچۇقى ئىشلەتسە بولىدۇ، ئۇنىڭ دەسلەپتە دېزىنپېكسىيە سۇيۇقلىقىگە قويۇلۇشى روزىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، ھەرقانچە بولسا چاپلىغۇچ دېزىنپېكسىيە سۇيۇقلىقىغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن كۆزىگە بىر نەرسە سىڭىپ كېرىدۇ، بۇ كۆزىگە دورا تېمىتقاننىڭ ئورنىدا بولىدۇ، ئالىملارنىڭ توغرا قارىشىدا بۇنىڭ روزىغا تەسىرى بولمايدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " روزىدار كىشى سۈرمە تارتسا، كۆزىگە ۋە قۇلىقىغا بىر نەرسە تېمىتسا بولىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ تەمى كانىيىغا كېلىپ قالسىمۇ بۇنىڭ روزىغا تەسىرى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ يېمەك-ئىچمەك ئەمەس ۋە يېمەك-ئىچمەكنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس. يېمەك-ئىچمەكتىن چەكلەنگەنلىك توغرىسىدا دەلىل كەلگەن، ئۇنىڭ مەنىسىدە بولمىغان نەرسىلەر ئۇنىڭغا قېتىلمايدۇ. بىزنىڭ يۇقىرىدا سۆزلىگىنىمىز شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھمەھۇللاھنىڭ تاللىغىنىدۇر. بۇ توغرا قاراشتۇر" . ["پەقھىل ئىبادەت" 191 -بەت. 2299 - 38023 - نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن .]